www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە فولىيازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى

# خوتەن يەر نامىلىرىدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئامىللار

ئابدۇللا سۇلايمان

(مەكتىپىمىز فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى)

[摘　要]和田古称“于阗”，该地区在历史上一直是萨满教、佛教、伊斯兰教等多种宗教并存的地区，同时又处于古丝绸之路的南端，在历史上具有重要的地理位置。地名正是这些历史现象和文化现象的直接记录，本文结合和田地区的地名，具体分析了这些地名的意义、思想及其社会和历史元素。这对于我们了解和田地名的含义及其文化历史有很大的帮助。

[关键词]地名；历史；社会成分；内容

خوتەن يەر نامىلىرى ئوخشاشلا خوتەن رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خوتەن قەدىمدىن تارتىپ ھىندى، بۇددا مەدەنىيىتى، رىم-گرېك مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپ دىنلىق رايون ئىدى. بۇنداق گىرەلىشىش ئىدېيولوگىيەلىك مەدەنىيەت، ئېتنىك خاراكتېر، پىسخىكىلىق قۇرۇلما جەھەتلەردىلا ئەمەس، يەر نامىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى خوتەندە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھازىرقى چىرا يايلاق بەلۋاغلىرى بىلەن يۈرۈڭقاش-قاراقاش قاتارلىق دەريا-ئېقىنلارنىڭ ئاياغ نۇقتىلىرىدا — تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىكلەردە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ھازىر بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «نىيا خارابىسى»، «يۇملاققۇم شەھىرى خارابىسى»، «ئۈزۈنتات»، «دەندەنئۆيلۈك»دىن تارتىپ «مازارتاغ قەلئەسى»گىچە بولغان قەدىمىي خارابىلەرنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىدا خۇددى مارجان تىزمىسىدەك بىر لىنىيەدە بولۇشى، جەنۇبتىكى قاراقۇرۇم ۋە كۇئىنلۇن تاغلىرىنى مەنبە قىلغان دەريا-ئېقىنلارنىڭ باشلىنىش ئېغىزلىرىدا غار-ئۆڭكۈرلۈك خارابىلەرنىڭ بولۇشى بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوۋچىلىقتىن تەدرىجىي چارۋىچىلىق قىلىشقا ئۆتۈپ يايلاق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت، ئالەم قارىشى ۋە ئېتىقاد-چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپلا قالماستىن، يەر نامى سۈپىتىدىمۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، تۇپراقنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئۇلۇغلاش، ئاش-ئوزۇقنى ئۇلۇغلاش، تۇزنى ئۇلۇغلاش، ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش، مەدەنلەرنى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلارغا ئائىت يەر نامىلىرى ۋە باشقىلار.

غەربىي يۇرتنىڭ يازما تارىخى باشلانغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60-يىلىغا قەدەر بولغان مەزگىللەردە «قاشتېشى يولى»نىڭ راۋانلىشىشى، ئودۇن خانلىقىدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قەدەر ئىزچىل بولۇشى قاتارلىق ئامىللار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە يايلاق «يىپەك يولى»نىڭ ئاۋاتلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ لىنىيەدىكى بوستانلىقلاردا ئىجتىمائىي ئىگىلىك راۋاجلىنىپ، ئاھالە نۇقتىلىرى، بازارلار، شەھەر-قەلئەلەر بارلىققا كەلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 242-يىلى قۇرۇلغان ئودۇن خانلىقىدىن مىلادىيە 1006-يىلىغىچە بولغان مىڭ يىللار داۋامىدا ۋە خوتەن رايونىدا ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قوۋم-مىللەتلەر بۇ رايوندا ياشاپ، زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. مەيلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى شامان دىنى بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى بۇددا ۋە ئىسلام دىنى بولسۇن باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش خوتەن رايونىدىمۇ بۇ دىنلارنىڭ جەمئىيەت، ئەخلاق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولۇپلا قالماستىن، يەر نامىلىرىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلىدىكى، خوتەن رايونىدىكى قەدىمىي شەھەر-قەلئەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر قىسىم مەھەللە-ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كېيىن بولۇپ، ئاھالە نۇقتىلىرى ياكى شەھەر-قەلئەلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ نامى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئاشۇ گەۋدىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئومۇمىي دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىزنىڭ خوتەن يەر نامىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى دېگەندە نەزەردە تۇتقىنىمىزمۇ دەل يايلاق مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرىنىڭ يەر نامى ئارقىلىقمۇ ئەكس ئېتىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



خوتەن يەر نامىلىرىنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى ئىپادىسىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. ئوۋچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «لىنچىتوقاي»، «تۈلكە ئۇۋىسى»، «يولۋاسخانا» ... دېگەندەك.

2. دىنىي ئېتىقادقا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «دارماگۈپتا» (بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى، ھازىرقى دامكۇ)، «گوجاندۇ» (بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى، ھازىرقى گۈجان)، «گۇلەھمى» (نوكچىخانا، ھازىرقى گۇلاخما)، «ئىسلامئاۋات»، «خانىقا»، «ھەزسۇلتان»، «ئەزانخانا»، «مەسچىتئالدى»، «ۋەخپىئېرىق»، «خانلىقۋەخپە»، «باخشىئېرىق»، «شېھىتلى پاششىم» ... دېگەندەك.

3. دىنىي مەرتىۋە، بايلىق، ئەمەل نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «شاھمەھەللە»، «نايىپ مەھەللە»، «ئاتامپاشا»، «شېيخمەھەللە»، «خانتۇغ»، «قاراخان»، «دەرۋىش كەنتى»، «بايمەھەللە»، «ھاجى مەھەللە»، «خوجا دۆڭ»، «غوجامكۆلبېشى»، «تىگىنلا» (ئەسلىي سۆز ‹تېكىن - شاھزادە) دېگەندەك.

4. قوۋم - قەبىلىلەر نامى قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «قالوق» (قارلۇق)، «قاچۇن» (قاراچىن، قوچىن)، «قارا تورۇن» (قارا تۈرك)، «توخۇلا» (توخرى)، «تېۋەت» (تۈبۈت، تىبەت)، «مۇغاللا» (موغۇللار)، «قالماققۇدۇق»، «مىللەتئېرىق»، «ماچىن»، «چىنماچىن»، «ئاتچان»، «چاك ئايماق» (چان، چاك)، «ياچئېرىق» (ياۋچى)، «مەكىت مەھەللىسى» (مەركىت)، «ياغسلا» (ئەسلى سۆز ياغمىلا) قاتارلىقلار.

5. مەمۇرىي، لەشكىرى ئاپپاراتلار ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «يامۇلئېرىق» (يامۇن)، «دوغا مەھەللە»، «ساداق مەھەللە»، «ئوچاققورۇل»، «ئەلەمبۇلۇڭ»، «جاجاڭ مەھەللە»، «دول» (تىم، تۇرا)، «ھاسارمەھەللە» (ئەسلىي سۆز ‹ھېسار› ‹سېپىل›) ... دېگەندەك.

6. چارۋىچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «ئاتبازىرى»، «تايلاقمەھەللە»، «قوتاز مەھەللىسى»، «توپاقئۆلدى»، «قوچقا مەھەللە» ... دېگەندەك.

7. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «تۇغبېشى ئېقىن»، «كۆتەمە ئېرىق»، «قىغاچمەھەللە» ... دېگەندەك.

8. دېھقانچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «دېھقانتۇغ»، «بەشخامان»، «ئارپىلىق»، «خەلقئاۋات»، «تېرىم»، «دانچىلغا مەھەللە» ... دېگەندەك.

9. ئورمانچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «جىرىم كەنتى»، «كۆكتېرەك»، «تۇخۇمەكلىك»، «باغۋەن» ... دېگەندەك.

10. قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «يىپەك مەھەللە»، «تۆمۈرچى مەھەللىسى»، «زەگەر مەھەللە»، «قازانچى مەھەللە»، «ئېگەچى»، «قېرىمچىمەھەللە»، «قەغەزچى مەھەللىسى»، «سوپۇن مەھەللە»، «ياغچى مەھەللە»، «خۇمدان كەنتى»، «شايىچىمەھەللە»، «داكىچىمەھەللە»، «جۇۋىچى كوچىسى» ... دېگەندەك.

11. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلارغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «گۈمبەز مەھەللە»، «قوشكۆۋرۈك كەنتى»، «راۋاقئالدى»، «شىپائكەنتى»، «ئاقسېپىل»، «ئايۋانلىق»، «چاقچۇق مەھەللە» ... دېگەندەك.

12. سودا - تىجارەتكە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «يۇڭبازىرى»، «يىپبازىرى» ... دېگەندەك.

13. قامىلە - لەقەملەرگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «كاناي مەھەللە»، «چىكچىك مەھەللە»، «توش مەھەللە»، «قوداي مەھەللە»، «ئالچى مەھەللە»، «پەشتاق مەھەللە»، «تايتاق»، «كۇدۇڭ»، «كالدىي مەھەللە» ... دېگەندەك.

14. قونالغۇ - ئۆتەڭلەرگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «باشلەڭگەر»، «بوغاز لەڭگەر»، «ئۆتەڭ كەنتى»، «ھەجەرخانلەڭگەر»، «نورۇز لەڭگەر»، «ئۆتەڭكۆل»، «نۇرمەتلەڭگەر» ... دېگەندەك.

15. سانلار ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «ئاتمىشئېرىق»، «بەشتاش»، «سەكسەنكەنت»، «توقساندۆڭ»، «يەتتە تونۇك»، «قىرىقچىلتەن»، «تۈرۈز كەنتى»، «مىڭموكەنتى»، «يەتمىش پاتمان» ... دېگەندەك.

16. ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش، ئۇلۇغلاشقا ئائىت يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «ئەللامە كەنتى»، «خەتچى كەنتى»، «كىتابتاش» ... دېگەنلەردەك.

17. ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ئەسۋابلىرىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «غىجەك مەھەللە»، «ئارا مۇقام»، «ناغرا مەھەللە»، «تەمبۇر مەھەللە»، «دۇتار كەنتى»، «دۇمباقمەھەللە»، «نەغمە چاقا»، «سەنەمچاقا» ... دېگەندەك.

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



18. سەيلە - ساياھەت، باغلارغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «راۋاقئالدى»، «دۆڭباغچا»، «سۆگەتبوستان»، «شىپاڭكەنتى»، «گۈليار كۆل»، «پەيزىتوغ»، «كۆتۈۋال مەھەللە» ... دېگەندەك.

19. كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە ئائىت يەر ناملىرى. مەسىلەن، «چامغۇرلۇق»، «شاپتۇللۇق كەنتى» ... دېگەندەك.

20. تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ھەم كىشىلەر ئىسمىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «تېۋەت يېزىسى»، «ئىمامئەپتەر كەنتى»، «شېرىپباي لەڭگەر»، «سۇلايمانئېرىق»، «ئىبراھىمكۆل»، «ھەسەن - ھۈسەنپاششايىم»، «دادۇتئاكا مەھەللە»، «خەلچە كەنت» ... دېگەندەك.

21. ھەرقايسى قوۋم - مىللەتلەر تىلى ئارىلاش قوللىنىلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «شاڭمەھەللە»، «زۇڭتال»، «سەنجە»، «خىنى»، «جىين»، «بوشقات»، «ئۇگۈيەك»، «جاجاڭ ئايمىقى»، «لىڭمەھەللە»، «پاڭسا»، «كىچكسياڭلىس»، «شۇمۇلاڭ»، «پۇجۇڭ كەنتى»، «كۇنزىي» ... دېگەندەك.

22. باشقا يۇرتلارنىڭ نامىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «كىتىكلا كەنتى»، «دولانئايمىقى»، «بارچۇق كەنتى»، «ئەنجان مەھەللە»، «قاغىلىق ئارىش»، «قازاق مەھەللە»، «مەككە»، «شىراز مەھەللە» ... دېگەندەك.

23. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «مىسكىنمازار»، «قىزىقدەرۋازا»، «قاراڭغۇ تاغ»، «شىيداق مەھەللە»، «ئايكۆنەس»، «كۆشاتمەھەللە»، «ھالچوك»، «ئۇلۇغبەل»، «نۇرئېرىق»، «قىرىغئاچچىغ» ... دېگەندەك.

بۇلاردىن باشقا، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرىغا ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى؛ رەۋەندە - كارۋانچىلىق، چار بازارچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق كەسىپلەرگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى؛ كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى، چىراي شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

خوتەن يەر ناملىرىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساسى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، يەنە كېلىپ بەزىدە بىر خىل يەر نامى بىرقانچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ پەقەت بىرىگىلا مەنسۇپ دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە خوتەن رايونىدىكى ئاز بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرى ئۈستىدە ئىجتىمائىي، تارىخىي پاكىتلىق تەھلىل ئېلىپ بارىمىز:

(1) «دامكۇ». بۇ چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە، چىرا - كېرىيە تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى. ئۇنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز لىنىيە ئارىلىقى 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي نۇرى يېزىسى، شىمالىي ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي گۇلاخما يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارقىر يېزىسى بىلەن قوشنا. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 268.6 ـ 321.3 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3.2 ـ 31.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 6206 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەلىكىدە يەتتە كەنت كومىتېتى 59 تەبىئىي كەنت - مەھەللە گۇرۇپپىسى، 5178 ئائىلە ـ 19 مىڭ 535 نوپۇس بار.

«دامكۇ» نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلار بار. بەزىلەر: دامكۇ دېگەن بۇ جاي خوتەندىن تەخمىنەن 40 يىل كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەچكە، «دىنى قارىغۇ»، «دىنكو» دەپ ئاتىلىۋېرىپ بۇ سۆز «دامكۇ»غا ئۆزگەرگەن، دېيىشسە؛ يەنە بەزىلەر: دامكۇ دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر تەلەپپۇزى «دۇمۇكۇ» بولۇپ، «دۇ» (پارسچە ‹ئىككى›نى كۆرسىتىدۇ) دىن تۈزۈلگەن بۇ سۆزلەم «ئىككى مۇكا» مەنىسىدە ئىدى، دېيىشىدۇ. «دۇمۇكۇ» دېگەن سۆز، يەر شەكلى ئەگرى - توقاي دېگەن مەنىدە دېگۈچىلەرمۇ بار. يەنە ئېيتىلىشىچە: بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار بۇرۇن «كونا دامكۇ»نىڭ ئورنى ھازىرقى دامكۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، 40 كېچە - كۈندۈز دەھشەتلىك بوران چىقىپ، قۇم يېغىپ ئېتىزلار ۋە ھويلا - ئاراملار قۇم ئاستىدا قېلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە ئامال بولماي، ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يۇرتنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتا دامكۇ قەدىمكى كېرىيە دۆلىتىگە قارايتتى. كېرىيە خانى يۇتكىلىش خەرىتىسىنى كۆرۈپ: «ساپ دامكا (شاھمات) تاختىسىغا ئوخشايدىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «دامكۇ» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

يۇقىرىقى قاراشلارنى رەت قىلىپ شۇنى ئېيتىمىزكى، «دامكۇ» دېگەن بۇ نام قەدىمدە بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەر ۋە بۇددىزم گۈللەنگەن چاغلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ، «دارماگۇب»، «داراماگۇبتا» دەپ ئاتالغان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ «دەنداندۆيلۇك»، «تېشكىرام» ۋە «ئۇزۇنتات» قاتارلىق قەدىمكى شەھەر

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى

خارابىلىرىدىن (بۇ خارابىلىكلەر ‹كونا دامكو› نىڭ شىمالىدا) قېزىۋېلىنغان بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئائىت تېپىلمىلاردىن ۋە يېقىنقى مەزگىللەردە «كونا دامكو» ھەم ھازىرقى دامكو يېزىسىنىڭ باش تەرىپىدىن قېزىۋېلىنغان بۇتخانا خارابىسى قاتارلىق ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئىنىقكى، «كونا دامكو» بۇددىزم دەۋرىدە مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى، ئۇ جاي قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىنكى شىمالغا سۈرۈلۈش داۋامىدا بەرپا قىلىنغان بۇ ئۈزۈك بوستانلىق يەنىلا «دامكو» دەپ ئاتالغان بولۇپ، يىپەك يولى بويىدىكى قونالغۇ ئىدى. يېقىنقى زاماندا يەنى 1916 - يىلى دامكو بازىرىدا 100 نەچچە ئۆيلۈك، يېقىن ئەتراپتىكى كەنت - مەھەللىلەردە 200 ئۆيلۈكتەك دېھقان بار ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى يۈز بېشلىق تۈزۈم ئورنىتىلىپ، يۈز بېشى تۇرۇشلۇق ئورۇن «بادى بازىرى»، يېزىلىرى «خۇمىن يېزىسى» دەپ ئاتالغان. 1949 - يىلى بۇ يەرلەر تۆتىنچى رايون بولۇپ ئايرىلغان. 1959 - يىلى دامكو كوممۇنىسى دېيىلگەن. 1984 - يىلى دامكو يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

2) «ئاتچان». كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تاغلىق رايون، ھازىر بىر يېزىنىڭ نامى. «ئاتچان» ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «ئاتقا ئامراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلىدۇ (بۇنىڭدا تىل شېۋىسى ۋە تەلەپپۇزدا سۆز قىسقارتىش كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن: «بالىجانلىغ» ـ بالىغا ئامراق/ «ئاتجانلىغ» ـــ ئاتقا ئامراق دېگەندەك). بىراق، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ـــ بۇ سۆزنىڭ تەكتى «ئاتلىق چانلار» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار: قەدىمكى چانلارنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئات بېقىش ۋە ئات مىنىش ماھارەتلىرىگە ئىگە بولغان بىر تارمىقنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلار كېرىيە ناھىيىسىدىكى تاغلىق رايونلارغا كېلىپ ماكانلاشقان، دەسلەپكى چاغلاردا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «ئاتلىق چانلار» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ئاتچان» شەكلىگە كېلىپ قالغان، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان يۇرتمۇ مۇشۇ قوۋم نامى بىلەن ئاتالغان، نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئاتلىق چانلار يەرلىك خەلققا سىڭىشىپ كەتكەن، نەتىجىدە، ئەسلىدە مىللىي ئېتنىك نام بولغان «ئاتچان» دېگەن سۆز نوقۇل جۇغراپىيەۋى ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ كەتكەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقنى يەنە ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى خانئېرىق يېزا تەۋەلىكىدىكى «چاڭ ئايماق» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىزمۇ ئىسپاتلايدۇ. «چاڭ ئايماق» ئاتالغۇسىدىكى «چاڭ» دېگەن سۆز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دۆلىتىمىزدىكى بىر قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى. ئىلىمىز تارىخنامىلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، يەندى پادىشاھ چانلارنىڭ ئەجدادى ئىكەن. چانلار باشقا ئىككى قەبىلە ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى پادىشاھلىق دۆلەت - شىيا سۇلالىسىنى قۇرغان. «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، چاڭ چىيەن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى، چاڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە ئورۇنلىشىپ بولغانىكەن. چاقىلىق رايونىغا ئورۇنلاشقان چاڭلار غەربىي رايونغا كىرگەن چاڭلارنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، شەرقتە لوپنۇر، غەربتە خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار يەرلىك ئاھالىگە سىڭىشىپ كەتكەن. «ئاتچان»، «چاڭ ئايمىقى» قاتارلىق ناملارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ ئەينى زاماندا خوتەندە بىر بۆلۈك چانلارنىڭ ماكانلاشقانلىقىنى، كىشىلەر ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاينى مۇشۇنداق ئاتىغانلىقىنى، ئوخشاشلا كېيىن بۇ مىللىي ئېتنىك نامنىڭ نوقۇل جۇغراپىيەلىك يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

3) «گۇجانباغ». خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.5 كىلومېتىر. يەنە خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان «گۇجانباغ كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى» غىمۇ بېيجىڭ شەرقىي يولى، خوتەن يولى، گۇجان جەنۇبىي يولى، جامە يولى قاتارلىق مۇھىم يوللار تەۋە، بۇ يوللارنىڭ بويلىرىغا خوتەن شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، مېھمانساراي، قاتناش قاتارلىق تۈرلىرىگە چېتىلىدىغان نۇرغۇن سودا - مۇلازىمەت ئورۇنلىرى مەركەزلەشكەن.

«گۇجانباغ» دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتنىك مەنىسى ھەققىدە بىر قانچە خىل قاراشلار بار:

(1) ئەنگلىيىلىك W.F توماسىنىڭ «ئودۇن رايونىغا ئائىت تۇبۇتچە ۋەسىقىلەر» (ئەسلىي ئەسەر ئىنگلىزچە بولۇپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىنىڭ 1 - بۆلىكى س قىسمى ـ «بۇتخانا ياكى ئىبادەتخانا» دا: «ئودۇن رايونىدىن تېپىلغان مازار تاغ 0070 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە (ئوڭ تەرەپ بېشىدىكى خەت يوق قىسمى كەمتۈك. 12×2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكلىدە بىر قۇرلا خەت يېزىلغان، خېتى ئېنىق): گۇجاندۇ ‹Gu_zhan_do› بۇتخانىسىدىكى ئودۇنلۇق سارىنگوڭ ‹Sar_ringong›، دېگەن خېتى بار»، دەپ يەشمە بەرگەن. بۇ يەردىكى «گۇجاندۇ»

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



هازىرقى «گۇجان» نامىنىڭ تۇنجى بولۇپ يازما مەنبەلەردە ئۇچرىشى، شۇنداقلا قەدىمكى ۋەسىقىلەردە خاتىرىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ (2) «گۇجانباغ» دېگەن بۇ نام «جورجان — گورخان خاندانلىقى نامىدىن كەلگەن» دەيدىغان قاراش؛ (3) تەزكىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ نام ئەسلىي «غوجامباغ» بولۇپ، قايسىدۇر بىر خوجىنىڭ نامىدىن كەلگەن، 11 - ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرىنىڭ نامىدۇر، دېگەن قاراش.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراش ئىچىدىن «گۇجان» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى بىلىشكە بولمىسىمۇ، خوتەن رايونىدا بۈددىزم ھۆكۈم سۈرگەن مىڭ يىللار داۋامىدا بۇ ئىسىمنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۇتخانا نامى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشقا كەلسەك، 11 - ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت خوتەن رايونىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بۇ رايون «تۈركلىشىش»كە باشلىغاندا، خانلىق تۇرغان مەركىزىي شەھەردە تۈرك ئادىتى بويىچە «چاھارباغ»لار بىنا قىلىنغان (يەكەن، قەشقەر، تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش). بۇ باغلارغا ئىسىم قويۇلغاندا جۇغراپىيەلىك ئەھۋالغا قارايمۇ، ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىگە قاراپ ئىسىم قويۇلغاچقا، ئەسلىدىكى «گۇجاندۇ» دېگەن ئىسىمنىڭ «دۇ» قوشۇمچىسى تەلەپپۇزدا قىسقىراپ «گۇجان»غا «باغ» سۆزى قوشۇلغان.

4) «قاچۇن ‹باشقاچۇن›». كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇغاللا بازىرىغا قاراشلىق باش قاچۇن توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيەدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى ‹قارا قوۋچىن› ياكى ‹قوچىن›، ‹قوچۇن› دەپ ئاتالغان قوۋم ئىدى. بۇلار كېرىيەنىڭ شىمالدا بوزلۇق ئاچقان، قاراخانىيلار ئاچتۇرغان بۇ بوزلۇق ‹قاراخان قېيىرى›دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ قوۋم ‹قوچۇن›، ‹قوۋچىن›تەلەپپۇزدا ‹قاچۇن› بولۇپ كەتكەن. ‹ھەفتە ئىقلىم› دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا يېزىلىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى ۋە قوشۇنىنىڭ ئىككىنچى تەبىقىسى ‹قوچۇن — قوچىن› دەپ ئاتىلىدىكەن، شۇنىڭدەك لوپنۇردىمۇ ‹قاراقوشۇن› دەپ ئاتىلىدىغان قوشۇن ياشىغان، بۇلارمۇ ‹قارا چۇن› بولۇشى ئېھتىمال» («بۇلاقتىن بىر ئوتلام» ئىمىن تۇرسۇن ‹قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 6 - ئاي نەشرى›دىن). ئۇنىڭدىن باشقا، مەۋلانە مۇھەممەد ھەسەن شېرىنىڭ «زەبدۇتول ئەخبار» (خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى) ناملىق تارىخىي كىتابىنىڭ 272 - بېتىدە «يەكەندە تۆت خىل خەلق ياشايتتى. بىرىنچىسى «تۇمان» بولۇپ، بۇ ئومۇمىي پۇقرادىن ئىبارەت ئىدى؛ ئىككىنچىسى «قوچىن» ئىدى، بۇلار ھەربىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لەشكەرلەر ئىدى؛ ئۈچىنچىسى «ئايماق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تىجارەت بىلەن مەشغۇل ئىدى؛ تۆتىنچىسى «ئەرباب» دەپ ئاتىلاتتى، بۇلار پەقەت خانلىقنىڭ مەمۇرىيىتى، دىن ۋە باشقا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى» دەپ بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا «قارلۇق»لار نامى بىلەن ئاتالغان يەر جاي ئىسىملىرىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ ئالدىن يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇنلىرى ئىچىدە قارلۇق قەبىلىسىدىن كەلگەن ۋە بارا - بارا يەرلىكلىشىپ كەتكەن كىشىلەر بۇ جايدا ياشاپ كۆپەيگەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، «قاچۇن ئۆستەڭ» ۋە «قارلۇق ئۆستەڭ» دېگەن ئىككى سۇغىرىش مۇئەسسەسى نامىمۇ، بۇ جايلارغا ئالدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مۇشۇ «قاراچۇن»، «قارلۇق» قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆستەڭ ئېلىپ، بوز يەر ئاچقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق ۋە جۇغراپىيىلىك پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر. قىسقا خۇلاسە شۇكى، بۇلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندىمۇ «باشقاچۇن»دىكى قاچۇنلىقلار، قۇبلاي دەۋرىدىكى قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن كېرىيەگە كۆچۈپ كەلگەن قوچىنلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، «باشقاچۇن» كەنتىنىڭ بورىچى مەھەللىسىدە پارسلارنىڭ ئېفتالىت قەۋمىگە مەنسۇپ بولغان بۇنىڭدىن 400 يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بار بولۇپ، ھازىر ئۇلارنى يەرلىك ئاھالىلەردىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

5) «سامپۇل». لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. تارىخىي خاتىرىلەردە سامپۇل دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: «萨木普拉»، «萨木普鲁»، «三普拉»، «山普拉» قاتارلىقلار. «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دە «术木尔» دەپ يېزىلغان. «چىڭ دىڭ ۋە قورىغار خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «萨木普拉» (سامپۇل) دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش تەزكىرىسى»دە «萨木普» (سامپۇلۇ) دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «چىڭ دىڭ پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە «三普拉» ۋە «山普拉» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقى ھەر خىل خەنزۇچە يېزىلىشلارنىڭ، ئۇيغۇرچىدىكى «سامپۇل» نامىنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى پەرقىنى — بۇ نامنى كۆپ خىل يازغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«سامپۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. ئۇنىڭدا: «سامپۇل» ئۇيغۇرچە «سومپۇل» دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «بۇ يەرنىڭ ھەممە نىمىسى پۇل» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ («سوم» دېگەن يەرلىك شېۋىدە «ھەممىسى» مەنىدە)، دېيىلىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ يەر تاغ ۋە

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



سۇغا يېقىن، يېرى مۇنبەت، ئاشلىق ۋە يەل ـ يېمىش مول، تاغلىرىدا قاشتېشى، تۇگمەنتېشى، گەنج، هاك، گۈڭگۈرت، ئاق تۇز قاتارلىق كان بايلىقى مول، ھەقىقەتەنمۇ يەر ـ زېمىنى مۇنبەت جاي. يەنە بەزىلەر: «سامپۇل» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «گۈزەل، ئاۋات» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ، دېيىشىدۇ ھەمدە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغۇل خاقانى چىڭگىزخان ئۆزىگە تەۋە زېمىنى بىر قانچىگە بۆلۈپ باشقۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخاننىڭ «سامپۇل» ئىسىملىك بىر لەشكەرلەر باشلىقى بۇ يەردە تۇرغان ۋە شۇنىڭ نامى بىلەن كەنت نامىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلەر «سامپۇل» تۈبۈتچە سۆز بولۇپ، «7» (يەتتە) دېگەن مەنىدە ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر: «سامپۇل» دېگەن نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا «سام» سۆزى قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زام» بولۇپ، «جاي، ئورۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «پۇل، پۇلا» سانسكرىت تىلىدىكى «**pura**» يەنى (شەھەر) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام ئىككى تىل ئاملىدىن «زامپۇرا» دەپ ئاتىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سامپۇل» دەپ قېلىپلىشىپ قالغان، دەپ قارايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل قاراش ئىچىدە «سام» دېگەن سۆز بىلەن «پۇل، پۇلا» سۆزىدىن بىرىككەن بۇ نامنىڭ بەكمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن، 1983 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇشۇ يېزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىز ساي باغرىدىكى خېلى كەڭ دائىرىدىكى بىر قەبرىستانلىقنى قازغان، ئۇ يەردىن قۇرۇپ قالغان جەسەت، يۇڭ توقۇلما رەخت، زىننەت بۇيۇملىرى، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار قېزىۋېلىنىپ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى قەبرىستانلىق ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ قەدىمىي ماكاندا يۇقىرى ماھارەتلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى دەلىللەنگەن.

ئېنىقكى، ھازىرقى سامپۇل قەدىمدە يىپەك يولىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا قاشتېشى يولىنىڭ بويىدىكى مۇھىم قونالغۇ بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ يەر ئودۇن دۆلىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ جايدا پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى توغرىسىدا خارابىلىك ئىسپاتلار بار.

6) «يۇرۇڭقاش». بۇ نام بىلەن ئاتالغان «يۇرۇڭقاش دەرياسى» ۋە خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق «يۇرۇڭقاش بازىرى» بار بولۇپ، بۇ يەردە «يۇرۇڭقاش بازىرى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يۇرۇڭقاش بازىرى، لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا. غەرب تەرىپى خوتەن شەھىرى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شەرق، شىمال، جەنۇب ـ ئۈچ تەرىپى لوپ ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 28.6 كۋادرات كىلومېتىر، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يۇڭبازار كەنتىدە.

«يۇرۇڭقاش» دېگەن نام، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان. «يۇرۇڭقاش» تۈركچە سۆز بولۇپ، «قورىغار تەزكىرىسى»دە 玉龙哈什 دەپ يېزىلغان. «چىڭ دىك پادىشاھ ۋە قورىغار تەزكىرىسى» ھەم «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە 玉陇哈什 دەپ يېزىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇلچە 玉陇杰赤 دەپ ئاتالغان. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بار:

بىرى، «قورىغارنىڭ سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى»دە: «يۇرۇڭقاش مۇسۇلمانچە (ئۇيغۇرچە) سۆز بولۇپ، يۇرۇڭ دېگەن سۆز ‹يورۇق، سۈزۈك› دېگەنلىك، ‹قاش› دېگەن سۆز قاشتېشىغا قارىتىلغان» دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە: «يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن سۈپسۈزۈك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ دەريا مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن يۇرۇڭقاش دەپ نام بېرىلگەن» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. يۇرۇڭقاش دېگەن «ئاق (سۈزۈك) قاشتېشى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قەدىمكى تۈركىي تىللىرى لۇغىتى» (موسكۋا 1963 ـ يىل نەشرى)دە: «ئۇرۇڭ (يورۇڭ) — مەرۋايىت دېگەن مەنىدە، قاش ـ قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

يەرلىك خەلقلەرنىڭ قارىشىچە: «يۇرۇڭقاش ئەسلى ‹يورۇققاش› دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، يەنە يۇرۇڭقاش دەرياسى خوتەننىڭ كۈنچىقىش (شەرق) تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، ‹كۈن يورۇتۇپ تۇرغان دەريا قېشى› دېگەن مەنىدە» دېيىلىدۇ. يۇرۇڭقاش بازىرى قەدىمكى دەۋرىدە ئودۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەن خانلىقىغا تەۋە يەر ئىدى. «قورىغار تەزكىرىسى»دە: «قورىغار خانى جۇجىخان يۇرۇڭقاش (玉陇杰赤)[2] قاتارلىق شەھەرلەرنى قولغا ئالغان... ئالۇغۇنى پادىشاھلىققا بەلگىلىگەن» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دە: «يۇرۇڭقاشقا شەھەر سېپىلى

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



سوقۇلمىغان، ئۇ ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇپۇل (هازىرقى سامپۇل)، بويى (بۇيا) كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، دەپ ئىزاھلانغان.

7) «گۇما». قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقنىڭ نامى. 1902 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ئۇ قەدىمكى «يىپەك يولى»دىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ، گۇمىدىن قەشقەر، خوتەن، تىبەت، ھىندىستانلارغا بارىدىغان يوللار بار ئىدى. خەنزۇچە «皮山» دەپ يېزىلغان. بۇ ئاتالغۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى بەگلىكنىڭ نامى بولۇپ، تەخمىنەن 3 - ئەسىردىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدا شەكىللەنگەن 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، ئۇچ پادىشاھلىق دەۋرىدە خەنزۇچە 皮穴国 (پىشۆە بەگلىكى)، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە 蒲山国 (پۇشەن بەگلىكى) دەپ ئاتالغان. «قورىغار تەزكىرىسى» 皮什南 (پىشنەن) دەپ ئېلىنىپ، بۇ سۆز ئېتنىك ئوقۇلۇپ 皮山 (پىشەن) بولۇپ قالغان، دېيىلگەن. «چىندىڭخۇاڭ ۋە قورىغار تەزكىرىسى»دە 皮什雅 (پىشيا) دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) چىڭ خاندانلىقى قاغىلىقتىن گۇما، سانجۇ — ئىككى چوڭ كەنتنى ئايرىپ مەزكۇر ناھىيىنى تەسىس قىلغاندا، ئۇنىڭغا قەدىمكى پىشەن بەگلىكىنىڭ نامىنى ناھىيە نامى قىلىپ قوللانغان.

توپونىمشۇناسلار (‹توپۇل› - ئورۇن - يەر، ‹ئونومو› - نام - ئاتالغۇ) «گۇما» دېگەن بۇ نامنى «قۇم ئاق»دىن ۋە قەدىمكى تىلدا «قاينام»، «يۆگەم» مەنىسىدىكى «گھۇمانا»دىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. ئەنگلىيەلىك W.F تۇماسنىڭ «ئودۇن رايونىغا ئائىت تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 - بۆلىكىدە «گيۇمۇ» ‹Gyu - mo›نى جاي نامى دەپ كۆرسىتىپ (بۇ مەنبە ئاۋرېل ستەيىننىڭ «ئاسىيا كىندىكى» ناملىق كىتابىنىڭ 170 - ،174 - ۋە 203 - بەتلىرىدە ئۇچرىغان): «بۇ يەرنىڭ ئورنى تۈبۈتلەر زېمىندىكى ئوتلاق ساھىل بىلەن ‹Ghng - yings›ئىلاھى تاغ (مازار تاغ) ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىمۇ Ku - mo («ئاسىيا كىندىكى» ناملىق كىتابنىڭ 835 - بېتىگە قارالسۇن) بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئودۇندىكى گۇما ‹Guma› بوستانلىقى بولۇشى مۇمكىن دەپ يازىدۇ. بۇ ئىلمىي ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، «گۇما» دېگەن بۇ نام «گيۇمۇ»دىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. «تۈركچە - ئىنگلىزچە لۇغەت» (ئىستانبۇل 1979 - يىل نەشرى) دە «گۇما — تۈركچە سۆز»، مەنىسى «ئۇۋچى كەپىسى» دەپ ئىزاھلانغان. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «گۇما» سۆزى «قۇما» دىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى بۇ زېمىندىكى ئولتۇراق ئۆيلەر خۇددى قۇمغا ئوخشاش ۋادەكلەپ - توقۇلۇپ سېلىنغان دېگەن قاراشلىرى بىلەن، «ئۇۋچى كەپىسى» دېگەن مەنە ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشتا، «گۇما» دېگەن نام قەدىمكى خوتەن تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ تۈركلەشكەن قەدىمكى خوتەن تىلى دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

ھازىرقى گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ 140 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە «ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى بار. بۇ شەھەرنىڭ بىنا بولغان ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، گۇمىنىڭ ئەسلىي ئورنى «ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى»نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن كىشىلەر سۇ قوغلىشىپ ھازىرقى گۇما، قوشتاغ، سانجۇ دەريالىرى ۋادىسىغا كۆچكەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، گۇما بەگلىكى ئودۇنغا قوشۇۋېتىلىپ، ئودۇن بەگلىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

8) «توساللا». بۇ خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ يېزا شەرقتە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشنا، جەنۇبىي قاراقۇرۇم تېغىنىڭ تۆسكەي تەرىپىدىكى قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. شەرقىي جەنۇبى خوتەن شەھەر ئىچى ۋە گۇجانباغ يېزىسى بىلەن، غەربىي خوتەن ناھىيىسىنىڭ بۇزاق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 40 مىڭ 640 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە.

«توساللا» — «توسان» يەنى كۆندۈرۈلمىگەن - / هاللار ئەتكەك/ باشتۇڭ/ مۆڭگەك دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆزگە ‹لار› قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆز بولۇپ، تەلەپپۇزدا ‹ن› تاۋۇشى ‹ل› بولۇپ ئېيتىلىپ ‹ر›تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە يىراق ئۆتمۈشتە بۇ جاينىڭ قانداق نام بىلەن ئاتالغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەنبە تېپىلمىغان بولسىمۇ، يېقىنقى زاماندىكى «توساللا» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق قاراشلار بار:

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە تۇرسۇن دېگەن بەتنىيەت بىر كىشى خوتەنگە بەگ بولغانىكەن. ئۇ خەلققە ئېغىر باج، ئالۋان - سېلىق سېلىپ قاقشاتقانىنىڭ ئۈستىگە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى ئەمەلدارلىرىغا ئارتۇقچە خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ بەدىلىگە ھۆكۈمرانلار تۇرسۇن بەگكە ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغانلارغا كۆپلەپ ئىمتىياز، ھوقۇق بەرگەنىكەن. شۇ چاغدا توساللىقلار خۇددى يۈگەن سېلىنمىغان توسۇن ئاتتەك، ئەمر - مەرۇپلارنىڭ

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى



چەكلىمىسكە ئۇچرىماي، قىلغۇسى كەلگىنىنى قىلىپ ئۆتىدىغان خوتەننىڭ ئەركىلىرى بولغانىكەن. بۇ ئەھۋالغا قاراپ خوتەنلىكلەر بۇ يەردىكىلەرنى ‹توسانلار› دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز، شۇ كىشىلەر ياشايدىغان ئورۇننىڭ نامىغا ئايلانغان بولۇپ، بارا - بارا ئېغىز تىلدا ‹توساللا›غا ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن».

9) «توققۇز گۇمبەز». بۇ خوتەن شەھرىنىڭ توساللا يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار:

بەھرام بەگ ئامباللىق مەنسىپىدە تۇرغان مەزگىلدە، دۆلەت ئىشلىرىغا خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئالۋان - سېلىقلارنى ئازايتىپتۇ. مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە مەبلەغ سېلىپ، جامە - مەدرىسلەرنى كۆپلەپ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئالىم - ئۆلىما، پېشۋالارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ مەقبەرىسىنى قاتۇرۇپتۇ. ئۇ، شۇ قاتاردا ئالىملارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن چوڭ بوۋىسى ياقۇپ بەگ (قوقەندلىك توپبېشى ياقۇپ بەگ - بەدۆلەت ئەمەس)، چوڭ دادىسى ئابدۇللا بەگ، دادىسى مەتقۇربان بەگ، مەھەممەد ئېزىز بەگ، ئانىسى فىرەچېھرە ئاغىچا ۋە يۇنۇس بەگلەرنىڭ قەبرىلىرىگە كاتتا قۇببىلىق گۇمبەزلەرنى ياساتىپتۇ. يەنە شۇ دەۋردىكى ئاي خېنىم قوشكېزەكلەرگىمۇ بىر گۇمبەز ياساتقانىكەن. بەھرام بەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كېيىنكىلەر ئۇنىڭغىمۇ بىر گۇمبەز ياساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇمبەزنىڭ سانى توققۇزغا يېتىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مازارلىق جايلاشقان كەنتنى كىشىلەر «توققۇز گۇمبەز» دەپ ئاتاپتۇ (بۇ گۇمبەزلەر تاكى 1966 - يىلىغىچە ساق بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «قىزىل قوغدىغۇچى»لار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلانغان).

10) «قارامەت». بۇ، خوتەن شەھرى توساللا يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، خوتەن ئايرودرومىنىڭ شىمالىدا. بۇ نام خوتەنگە ئامبال بولغان بەھرام بەگكە چېتىلىدۇ. 1880 - يىللاردا خوتەنگە رۇستەم دېگەن ئاچ كۆز، ئىشرەتخور بىر كىشى بەگ بولغانىكەن. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە خوتەن خەلقىنى ئېغىر ئالۋان - ياساق، زۇلۇم - ستەم بىلەن قاتتىق خارلاپتۇ. مۇشۇ مەزگىلدە بەھرام بەگ خەلقپەرۋەر، ئادالەت سۆيەر بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ زۇلۇمغا قارشى چىقىپ، بىر نەچچە قېتىم قوراللىق كۆتۈرۈلۈپ، زوراۋان كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپتۇ. رۇستەم بەگ خېلىلا زور ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپمۇ بەھرام بەگنى بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقنى يەڭگىللىتىش، ئۆزىگە تېگىشلىك ئىمتىيازلارنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدىكى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئۆزئارا سۈلھىگە كەپتۇ ۋە رۇستەم بەگ ئاقسۇغا يۆتكىلىپ، بەھرام بەگ خوتەنگە ئامبال بوپتۇ. بەھرام بەگ، ئىسيان مەزگىلدە ئۆزىگە خىزمەت كۆرسەتكەن قارىي ئەخمەت دېگەن كىشىگە بىر نەچچە يۈز ئوتاقچى دېھقان بىلەن بىر بۆلۈك يەرنى مۇكاپات تەرىقىسىدە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا قارىي ئەخمەت بەگنىڭ يېرى ئورۇنلاشقان كەنت «قارىي ئەخمەت»، بارا - بارا «قارامەت»، «قايامەت» (ھېلىمۇ بەزى پېشقەدەملەر مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىدۇ) دەپ ئاتىلىپتۇ.

11) «يۇقاقۇن». بۇ، خوتەن ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى («يۇقاقۇن» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ دائىرىنىڭ بىر قىسمى باغچى بازىرىغا قارايدۇ). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولغان «يۇقاقۇن» نامىدىن باشقا يەنە مۇشۇ كەنتكە تۇتاش بولغان «ئارا ئون»، «تۆۋەن ئون» دېگەن يەر ناملىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈر:

1700 - يىللاردا ھاكىمىيەت دائىرىلىرى يۇرت - ئاۋامنى ئىدارە قىلىشتا ھەر قايسى يۇرتلارنى شۇ يۇرتتىكى ئائىلە سانىغا قاراپ مەمۇرىي دەرىجە - بىرلىكلەرگە ئايرىپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغان. ئون ئائىلە (تۇتۇن)گە «ئونبېشى»، يۈز ئائىلىگە «يۈز بېشى»، مىڭ ئائىلىگە «مىڭ بېگى» دېگەندەك ئەمەلدارلار تەيىنلەنگەن. تەقسىملەش، ئالۋان، ھاشار سېلىقى چېچىش مۇشۇ بىرلىكلەر بويىچە بولغان. خەلق ئارىسىدا ھازىرمۇ «18 مىڭ خوتەن»، «ئۈچ مىڭ كېيا» دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار ئائىلە سانىغا ئاساسەن مەمۇرىي بىرلىكلەرگە بۆلۈش تۈزۈمى دەسلەپ يولغا قويۇلغان چاغلاردا خوتەندە 18 مىڭ ئائىلە، كېرىيىدە ئۈچ مىڭ ئائىلە، يۇقىرىقى كەنتلەردە 10 دىن ئائىلە بارلىقىنى كۆرسىتەتتى. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن «يۇقاقۇن» — «يۇقىرىقى ئون ئائىلە كەنتى»؛ «ئارا ئون» — «ئوتتۇرىدىكى ئون ئائىلە كەنتى»؛ «تۆۋەن ئون» — «تۆۋەندىكى ئون ئائىلە كەنتى» دېگەنلىك بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى بوغۇملار قىسقىراپ «يۇقاقون» دېگەندەك شەكىلگە كېلىپ قالغان. يەنە بىر جەھەتتىن بۇناملار ئەينى دەۋردە ھەم مەمۇرىي ھاكىمىيەت دەرىجىسىنى، ھەم شۇ مەمۇرىي بىرلىكتىكى ئائىلە سانىنى كۆرسىتىدىغان سىياسىي، سان ئاتالغۇسى بولغان. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىكى ئائىلە سانى كۆپىيىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ كەنتلەرنىڭ ئىلگىرىكى نامىدىكى «ئون» دېگەن سۆز سان ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ،

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەمۇرىي ھاكىمىيەت بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ قالغان. يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە «ئون»، «ئەللىك»، «مىڭ» دېگەندەك ھاكىمىيەت دەرىجە ناملىرىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەن يۇقىرىقى ناملار ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، يەر نامىنىلا بىلدۈرىدىغان نوقۇل جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

خوتەن يەر ناملىرىدا تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، قوۋم - مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، كۆچۈشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئېتىش بىلەن بىرگە، بۇ ناملار بوستانلىق مەدەنىيىتى بەرپا بولۇشىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئىي، جۇغراپىيەلىك ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇلاردا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بار:

بىرىنچى، شەھەر، بازارلار نامىغا قارىغاندا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ئائىت ناملارنىڭ كۆپ بولۇشى. ئىككىنچى، خوتەن شەھرىنى مەركەز قىلغان خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى تەۋەلىكىدە ھۈنەر - كەسىپكە، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، سودا - تىجارەت، چار بازارچىلىق قاتارلىقلارغا ئائىت يەر ناملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن گۇما ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق يېزىلىرىدا بۇلارنىڭ ئەكسىچە چارۋىچىلىق، تاغ - تۈرا، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە ئاساسلىنىپ قوللىنىلغان ناملارنىڭ كۆپ بولۇشى. ئۈچىنچى، ئۇرۇق، لەقەم نامى قويۇلغان يەر ناملىرىنىڭ بىر قىسىم ناھىيە تەۋەسىدە بولۇپ، باشقا تەۋەلىكتە بولماسلىقى ياكى ئاز بولۇشى. تۆتىنچى، قەدىمكى قەبىلە، قوۋم - مىللەتلەرنىڭ نامىنى بىۋاسىتە بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياكى ئۇلارنىڭ تىلىدا قويۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن شۇ ئاساستا قىسمەن ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىۋاتقان يەر ناملىرىنىڭ بولۇشى. بەشىنچى، بىر خىل نامنىڭ بىرلا تەۋەلىكتە تەكرار قوللىنىلىشى. مەسىلەن، «چاقا» (قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى «چاقا» سۆزىنىڭ مەنىسى ‹ئاھالە نۇقتىسى، كەنت - مەھەللە›بولۇپ، «كەنت» سۆزىمۇ ئوخشاشلا سوغدى تىلىدا ‹ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جاي، كەنت - مەھەللە› دېگەننى بىلدۈرىدۇ) دېگەن نام چىرا ناھىيىسىنىڭ «چاقا يېزىسى»نى كۆرسەتكەندىن باشقا، چىرا ناھىيىسى يەر ناملىرىدىمۇ، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىمۇ دېگۈدەك ئۇچرىمايدۇ. بىراق، گۇما ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا (بازار)لىرىدا خاتىرىگە ئېلىنغان «چاقا» دېگەن نام 61 ئورۇنغا باشقا سۆز بىلەن قوشۇلۇپ يەر نامى قىلىپ قوللىنىلغان. يەنە كېرىيە ناھىيىسىدىكى «مۇغاللا بازىرى» نامى بىلەن قاراقاش ناھىيىسى تېۋەت يېزىسىدىكى «مۇغاللا كەنتى»، كاۋاك يېزىسىدىكى «مۇغال مەھەللە»؛ گۇما ناھىيىسى «پىيالما يېزىسى» نامى بىلەن قوشتاغ يېزىسىدىكى «پىيالما چاقا مەھەللىسى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئالتىنچى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئېچىش مەزمۇن قىلىنغان سۆزلەملەرنىڭ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان يېزا - كەنتلەردە ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلارغا دېگۈدەك نام قىلىپ قويۇلۇشى قاتارلىقلار.

**ئىزاھات:**

① خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى»دە: ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جەنۇبىي دەرياسى بويلىرىدا ئۆرگەنچ شەھرى (乌尔根齐城) ۋە ئۇلۇغگاچ (兀笼格齐) دېگەن ناملار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇلۇغگەچ دېگەن ئۆرگەنچنى كۆرسىتەمدۇ ياكى يۇرۇڭقاشنى كۆرسىتەمدۇ، بۇنى ھازىرچە مۇقىملاش تەس.

**پايدىلانمىلار:**

1. سۇ بېخەي: «غەربىي رايون تارىخ - جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىلى 7 - ئاي نەشرى.
2. «چىرا يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى 1984 - يىل باسمىسى (ئۇيغۇرچە).
3. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسىدىكى يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاربىلقلىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما ئىزاھات». سىن جۇڭمىيەن.
4. «لوپ ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى 1987 - يىل باسمىسى.
5. «قاراقاش ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تۈزگەن: 1987 - يىل باسمىسى (خەنزۇچە).
6. مەمتىمىن قۇربان: «قاراقاشنى چۈشىنەيلى»، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى بىلەن قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1996 - يىلى باستۇرۇلغان (ئۇيغۇرچە).
7. ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت — بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.
8. «گۆھەر زېمىن — خوتەن»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىلى 11 - ئاي نەشرى.
9. «خوتەن ئۈچۈر تورى» WWW.XJHT.GOR.CN خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە.
10. «خوتەن ئىستاتىستىكا يىلنامىسى» (2004). خوتەن ئىستاتىستىكا يىلنامىسى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 2004 - يىل 9 - ئايدا باستۇرۇلغان.

**(بۇ ماقالە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پەن تەتقىقات فوندى تۈرى «خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى» تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. تەستىق نومۇرى: 1076508038)**

**تەھرىرى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن**